# 72872 - ئاياقتا مەسىھ قىلىش ئۈچۈن، تاھارەت ئېلىپ پايپاق كەيگەن بولسا، پايپاقتىن پۇتىغا سۇ ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ پايپاقتا مەسىھ قىلىش توغرا بولامدۇ؟

## سوئال

تاھارەت ئېلىپ پايپاقنى كەيدىم، پايپىقىم سۇخانىدا يەردىكى سۇغا تېگىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن جۇمەكتىن سۇ چۇشۇرۇپ پايپىقىمنى پاكىزلاشنى خالىدىم، چۈنكى سۇخانىدا بەزى ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنىڭ كىچىك تەرەتلىرىگە ئوخشاش نىجاسەتلەر بولۇپ قالىدۇ، مەن پايپىقىمدىن يەردىن يۇقۇپ قالغان نىجاسەتنىڭ تامچىلىرى ئېقىپ كەتتى دەپ ئىشەنچ قىلغانغا قەدەر يۇيىۋەتتىم، مەن بۇ پايپاقنى تاھارەت ئىلىپ كەيگەن بولغاچقا ئاياقتا مەسىھ قىلغاندەك بۇنىڭغىمۇ مەسىھ قىلسام بولامدۇ؟ سىلەر بىلىسىلەر، پايپاقتا سۇ ئېقىتقاندىن كېيىن سۇ تېرىگە يېتىپ بارىدۇ، مۇشۇ ھالەتتە پايپاقتا مەسىھ قىلسام بولامدۇ بولمامدۇ؟ ئەگەر مەسىھ قىلىش توغرا بولمىسا، مەن ئۆتۈپ كەتكەن نامازلىرىمنى قانداق قىلىمەن؟، مەن بىرقانچە قېتىم شۇنداق قىلغان ئىدىم. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئەسلى قائىدىدە پايپاق ۋە سۇ پاكتۇر، نىجاسەتنىڭ پايپاقتا تەككەنلىكىگە ئىشەنچ قىلماستىن پەقەت شەك قىلىش بىلەن ئۇنى نىجىس دەپ ھۆكۈم قىلىش توغرا بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېنىق بولمىغان ھالەتتە ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى يوق قىلىش مۇھىم بولمايدۇ.

ئىككىنچى: پايپاقنى يۇيۇش جەريانىدا سۇنىڭ پۇتىڭىزنىڭ تېرىسىگە يېتىپ بېرىشىنىڭ ھېچ زىيىنى يوق، ئەگەر سىز پايپاقنى تاھارەت ئىلىپ كەيگەن بولسىڭىز ئۇنىڭغا مەسىھ قىلسىڭىز بولىدۇ.

پىقھى ئۆلىمالىرى، ئاياقتا مەسىھ قىلىشتا، ئاياغ سۇنىڭ پۇتىغا يىتىپ قىلىشىنى چەكلىشى شەرتمۇ ياكى شەرت ئەمەسمۇ؟دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزى ئۆلىمالار شەرت ئەمەس دېگەن قاراشقا باردى، مانا بۇ ھەنبەلى مەزھىبىنىڭ قارىشىدۇر. "مەتالىبۇ ئۇلىنىۇھا"1-توم 131-بەتتە مۇنداق دېگەن: "يەتتىنچى شەرت، مەسىھ قىلىنىدىغان نەرسە بىلەن ئادەتتە مېڭىش مۇمكىن بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ سۇنىڭ پۇتىغا يېتىشىنى چەكلىشى شەرت ئەمەس، ئۇنىڭدا يۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولۇشى كېرەك".

يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار، مەسھ قېلىنىدىغان نەرسە سۇنىڭ پۇتىغا يېتىپ قىلىشنى چەكلىشى شەرت قىلىنىدۇ دەيدۇ، شاپىئىي مەزھەب ئۆلىمالىرى مۇشۇ قاراشتا. ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇ"ناملىق ئەسەر 1 -توم 531-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:" ئاياقنىڭ سۇنىڭ پۇتىغا يىتىپ قىلىشنى چەكلىشى ئۈچۈن قېلىن بولىشى شەرتمۇ؟ بۇنىڭدا ئىككى تۈرلۈك قاراش بولۇپ، بۇنى ئىمام ھەرەمەين ئەل جۇۋەينى ۋە باشقا ئۆلىمالار بايان قىلغان:

بىرىنچىسى: ئاياقنىڭ سۇنىڭ پۇتىغا يىتىپ بېرىشىنى چەكلىشى ئۈچۈن قېلىن بولىشى شەرت قىلىنىدۇ، ئەگەر مەسھ قىلىنىدىغان نەرسە توقۇلغان نەرسىلەردىن بولسا، ئۇنىڭغا سۇ تۆكسە ئۆتۈپ كەتسە ئۇنىڭغا مەسھ قىلىش توغرا بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى: ئاياقنىڭ سۇنىڭ پۇتىغا يېتىپ بېرىشىنى چەكلىشى شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى سۇ ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئۇنىڭغا مەسھ قىلىش توغرا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ پۇتنى ياپىدىغان نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن. بۇ قاراشنى ئىمام ھەرەمەين جۇۋەينى ۋە ئىمام غەزالىي قاتارلىق ئۆلىمالار تاللىغان، بۇ ئىمام شاپىئىينىڭ دەسلەپكى مەزھىبىدۇر.

ئاياقنىڭ سۇنىڭ پۇتىغا يېتىپ قىلىشنى چەكلىشى شەرت ئەمەس دېگەن قاراش كۈچلۈكتۇر، چۈنكى سۇنىڭ پايپاقتىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكىنى شەرت قىلدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان دەلىل كەلمىگەن، ئەگەر ئۇ ئادەتتە پايپاق دەپ قارالسا، كىشىلەر كەيسە، ئۇنىڭغا مەسھ قىلىش توغرا بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.